# ئۆزۈمگە خەتاپ

[ئۇيغۇرچە]

# رسالة إلى نفسي

[باللغة الأويغورية]

ئەھمەد ئوبۇلقاسىم قەشقەري

أحمد أبوالقاسم القشقري

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني

رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى

المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض

1429 – 2008

islamhouse.com

# ئۆزۈمگە خىتاپ

ئەي ... ھاياتلىقىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئالدىراش يۈرۈپمۇ، پۇشمان ۋە ھەسرەت چېكىۋاتقان، تېگىرقاش قايناملىرىغا چۈمۈپ، ئۆزىگە ۋە كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىنى يوقىتىۋاتقان بىچارە ئىنسان، توختا ! يەۋاتقان تامىقىڭنى، ئىچىۋاتقان سۇيۇقىڭنى قوي! قىلىۋاتقان ئىشىڭنى تاشلا! ھوشۇڭنى يىغىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن سۆزۈمگە قۇلاق سال!

سەن ئىمانىڭنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىغان، ئۆز مەجبۇرىيىتىڭ ۋە مەسئۇلىيىتىڭنىمۇ بىلىپ يەتكەن مۇسۇلمانسەن.. شۇنداق تۇرۇپ يەنە نېمىشقا تېڭىرقايسەن؟ ھالال ـ مېھنەت بىلەن كەسىپ قىلىپ رىزىقلىنالايسەن . شۇنداق تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا باشقىلارنىڭ ئالدىدا بويۇن قىسىسەن ؟ قىلىۋاتقان ئىشىڭدا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى مەخسەت، ھالال ـ پاك نەرسىلەرنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇغلۇق يەنە نېمىشقا ئىككىلىنىسەن؟

ياق .. ياق، سەن ئىلگىرى باسمىغان تېجارىتىڭ، دۇچ كەلگەن زىيانلارنىڭ ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن سىناق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆز ـ ئۆزۈڭدىن گۇمانلانما؟ سىنىڭ رىزقىڭ ـ سىنىڭ قابىلىيىتىڭ ۋە ساداقىتىڭدە ئەمەس بەلكى رەببىڭدە ..! سەن قولغا كەلتۈرەلمىگەن نەرسىلىرىڭ ئۈچۈن ھەسرەتلەنمە ھەم ئاللاھ يولىدا سەرىپ قىلىۋېتىپ مۇھتاج بولۇپ قالغانلىقىڭدىن ئۆكۈنمە ..! بىلىپ قوي ... ئاللاھنىڭ ساڭا ئاتا قىلىۋاتقان ھەر بىر نېئمەتلىرىنىڭ كەينىدە سان ـ ساناقسىز سۇئال ـ سوراق، ئۇندەشلەر بار ..! سېنىڭ قولغا كەلتۈرەلىگىنىڭ سېنىڭ غەلبە ڭ ئەمەس، قولغا كەلتۈرەلمىگىنىڭ سېنىڭ مەغلۇبىيىتىڭ ئەمەس. سېنىڭ غەلبەڭ ۋە مەغلۇبىيىتىڭ، نېئمەتلەرنىڭ شۈكرانىسىنى ئۆز لايىقىدا ئادا قىلالىشىڭ ياكى قىلالماسلىقىڭدا ۋە قىسمەتلىرىڭگە قەتئىي سەبىر قىلالىشىڭ ياكى قىلالماسلىقىڭدا ........! شۇ ڭا ھەق ئۈچۈن خازان بولۇپ، دەھشەتلىك كۈنلەرگە قالغانلىقىڭغا، ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭدىن ئايرىلىپ كىشلەرنىڭ كۆلكىسىگە، ھەر خىل ئەيىپلەشلىرىگە دۇچ كەلگەنلىكىڭدىن ـ

ئەپسۇسلانما.

سەن ئاللاھنىڭ سەن بىلەن بىللە ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلساڭ، پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلاردىن ئايرىلىپ قالغانلىقىڭغا ھەسرەتلەنمە. ئەكسىچە بۇنداق غېرىپلىقىڭدىن خۇشال بول ....! ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ سەندەك غېرىپلارغا خەيرلىك تىلەپ دۇئا قىلغانلىقىنى ئۇنۇتۇپ قالما ...!

سەن ، ئاللاھنىڭ زېمىنى كە ڭرې ئەمەسمىدى ..؟ دىگەن ئايەتنى ئوقۇپ ھېجرەت قىلدىڭ، ئەمدى ئوتۇ ڭدا كۆيۈپ ـ سۆيۈ ڭدە ئاقىدىغان ئاتا ـ ئانا، خوتۇن ـ بالىلىرىڭنى مېنىڭسىز قانداق قىلىۋاتقاندۇ؟ دەپ ئارتۇق غەم قىلما ..! ئاللاھ ئەڭ ياخشى مۇھاپىزەت قىلغۇچىدۇر ..! ئاللاھ خالىسا سەنسىزمۇ ھەممە ئىشلار ئۆز ئوقۇدا چۆرگۈلەۋ ىرىدۇ.

ئاللاھ ئۆزى تەقدىر قىلغان ئىشلاردا، ھېچكىمگە ھاجەت ئەمەس؛ ئۇنداقكەن سەن قانداقمۇ مەن بولمىسام بولمايتتى دېيەلەيسەن ...؟

سەن بۇگۈنكىدەك ھەممە ئىنسان ئۆز غېمىدە قالغان جاھاندا، ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن قاچقان بالا، ياكى ئەر ۋ ە ياكى دادا ئەمەس، بەلكى كۆپىنچە ئىنسانلار ئۈستىگە ئېلىشتىن قېچىۋاتقان تېخىمۇ يۇكسەك، تېخىمۇ ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈ ڭگە ئېلىش ئۈچۈن تەييارلانغان ئاددى ئادەمسەن ..! سەن پەقەت ۋ ە پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا، بارلىق غەنىمەتلىرىڭدىن ۋاز كېچىش كىرەكلىكىنى بىلىپ يەتكەن ئاجىز بەندىسەن ..!

سەن بۇ چەكلىك ھاياتنىكى مەنا ۋ ە ئەھمىيەتنى، باتىلنىڭ سۈلھې ـ سالالىرىگە بويسۇنغان، ئاددى بىر ئائىلىدىن ئەمەس ، بەلكى جاھالەت ۋ ە زۇلۇمنىڭ قارا قۇيۇنلىرى قاپلىغان بەختىسىز ئىنسانلار ئارىسىدىكى ھەقىقانىيەتنىڭ ئۆچمەس مەشئەللىرىگە ئايلانغان، مەردانىلارنىڭ جاپا ـ مۇشەققەت، خەيىم ـ خەتەرلەر بىلەن تولغان، پەقەت قانلىق بەدەللەر بىلەنلا مۇراد ساھىلىغا ئۇلىشالايدىغان، ئىمان ـ ئىسلامنىڭ تەۋە رەنمەس، ئاشۇ مە ڭگۇ ئۆزگەرمەس تە ۋ ھىد مەيدانىدىن ئىزدە ۋ اتىسەن !

دىققەت ................!

ئەگەر دەۋايىڭ راستىنلا شۇنداق بولسا، ئۇنداقتا ھاياتىڭدىكى مۇقۇملۇقنى، مۇرەسسەچى ئىتائىتىڭدىن ئەمەس، بەلكى پاك ئىتىقادىڭنىڭ سۇنماس ئىرادىسىدىن ئىزدە ..! ئەگەر دە ۋ ايىڭ راستىنلا شۇنداق بولسا ، ھەقىقى خاتىرجەملىكنى زالىمنىڭ ساخاۋىتىدىن ئەمەس ، بەلكى ئاللاھقا بولغان كامىل ئىمانىڭدىن ئىزدە .. ! ئەگەر دەۋ ايىڭ راستىنلا شۇنداق بولسا، مەڭگۈلۈك بەخىت ـ سائادىتىڭنى باتىلنىڭ سىياسىتىدىن ئەمەس ..! بەلكى ئىسلامنىڭ ئادالەتلىك سايىسىدىن ئىزدە .. ! ئەگەر دەۋ ايىڭ راستىنلا شۇنداق بولسا ، يانا بۇ يولدا ئاققۇزغان قان ـ تەر بەدەللىرىڭنىڭ غەلبىلىك نەتىجىلىرىنى، كىشىلەرنىڭ مايىللىقىدىن ئەمەس، بەلكى رەببىڭنىڭ رازىلىقىدىنلا ئىزدە ..!

ئىتىقاد ، ئىمان ۋ ە ئىسلامنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، كۇفرىنىڭ جاھالىتى ۋە زۇلمىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئىماننىڭ نۇرىنى، ئىسلامنىڭ ئادالىتىنى، ئىنسانىيەتنىڭ سائادىتىنى ئىزدەپ ئۆي ـ ماكان، ئەل ـيۇرت ، دوست ـ يارەنلىرىڭنى تاشلاپ، ھىجرەت قىلغانكەنسەن، ئۇنداقتا يول ئۇستىدە مۈگىدەپ قالغان كارۋانلارنىڭ ئازغۇنلىقىدىن، توپىتىن چۈشۈپ قالغان ئىمانى ئاجىز، ئىرادىسى بوش پىتنە ـ پاساتچىلارنىڭ بانا ـ سە ۋە پىلىك ئىغۋالىرىدىن، كۆرەلمەس ھەسەتخور، تۇغماس توخۇدەك كۇرۇكلارنىڭ غەۋغالىرىدىن ھەرگىز قورقما ..! بەلكى تىخىمۇ قەتئى بول!

ئاللاھنىڭ رازىلىقى مەقسىدىڭ بولسا، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى ۋاستەڭ بولسا، ئەجەل سىنىڭ مەنزىلىڭ بولسا، قەتئى نىيەت، ۋ ە مۇستەھكەم ئىرادىنى ئۆزۈڭگە مەڭگۈلۈك ھەمرا قىلالىساڭلا، سەن ھەقىقى غالىپلاردىن بولالايسەن .

بولدى ئەمدى ئورنۇ ڭدىن تۇر .. ! نىمە قاراپ تۇرىسەن ..؟ تىز بول .. ! ئۆزۈ ڭگە ئارتۇق يۈكلىنىۋالغان بارلىق غەملىرىڭنى تاشلاپ ، ئاللاھ قا تە ۋە ككۇل قىل ... !